# 9084 - هارام ۋە مەكرۇھنى بىلىش توغرىسىدا

## سوئال

مەكروھ دېگەن لەپزىدىن نېمە مەقسەت قىلىنىدۇ؟ هارام بىلەن مەكرۇھنىڭ ئارىسىدا نېمە پەرق بار؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

مەكروھ دېگەن لۇغەتتە: مەھبۇب-ياخشى كۆرۈنگۈچى- دېگەن سۆزنىڭ زىتىدۇر.

ئالىملارنىڭ ئىستىلاھىدا: شەرىئەت كەسكىن بولمىغان شەكىلدە قىلماسلىقنى تەلەپ قىلغان ئىشدۇر، بۇيرۇققا بويسۇنۇپ قىلمىغان كىشىگە ئەجىر-ساۋاپ بېرىلىدۇ، قىلغان كىشى جازالانمايدۇ دېگەنلىك بولىدۇ.

ئەمما هارام دېگەن لۇغەتتە: چەكلەنگەن دېمەكتۇر.

ئالىملارنىڭ ئىستىلاھىدا: شەرىئەت كەسكىنلىك بىلەن قىلماسلىقنى تەلەپ قىلغان ئىشتۇر. هارام دېگەن هالالنىڭ زىتى بولۇپ، شەرىئەت چەكلىگەنلىكى ئۈچۈن بۇيرۇققا بويسۇنۇپ قىلمىغان، هارامدىن يىراق بولغان كىشى ئەجىر-ساۋابقا ئېرىشىدۇ، ئەمما هارام ئىشنى باشقىلاردىن هايا قىلىپ ياكى قىلىشقا كۈچى يەتمەي ياكى بىرەر قورقۇنچىدىن قىلمىغان (تەرك قىلغان) كىشىگە ئەجىر-ساۋاپ بېرىلمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.